# 96272 ـ جاراھەتتىن چىققان قان، زەرداپ سۇلارنىڭ تاھارەتكە ۋە نامازغا بولغان تەسىرى توغرىسىدا

**سۇئال**

مەن ياشلار دانەخورىكىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، بۇ يۈزۈم ۋە تارغاقلىرىمدا مەۋجۇت بولۇپ ياللۇغلىنىپ، ئىششىپ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن قان ئېتىلىپ چىقىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ياللۇغلانغان يەردىن سېرىق سۇلار چىقىدۇ، بۇنىڭدىن چىققان قان كىيىملىرىمگە يۇقۇپ قالىدۇ، مەن ناماز ئادا قىلماقچى بولغان بۇ كىيىمنى يۇيىۋېتىمەنمۇ ياكى ئالماشتۇرىشىم كېرەكمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئالدى ۋە ئارقا ئىككى يولدىن باشقا ئورۇنلاردىن چىققان قان تاھارەتنى بۇزامدۇ؟ توغرىسىدا پىقھى ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار بولۇپ، بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى 45666– نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىندى.

بۇ مەسىلىدىكى كۈچلۈك قاراش بولسا، ئۇ تاھارەتنى بۇزمايدۇ. بۇ ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھنىڭ قارشىدۇر. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھمۇ بۇ قاراشنى تاللىغان.

ئىككىنچى: ئەگەر سىزنىڭ كىيىمىڭىزگە يۇقۇپ قالغان قان، يىرىڭ ياكى زەرداپ سۇلار ئاز بولسا ئۇ كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇۋېرىسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر كۆپ بولۇپ قالسا، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارشىغا كۆرە، كىيىمنى يۇيىشىڭىز ياكى ئالماشتۇرىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

بەزى ئالىملار ئىنسان بەدىنىدىن ئالدى ۋە ئارقا ئىككى يولدىن باشقا ئورۇنلاردىن چىققان قان پاكىز، نىجىس ئەمەس دېگەن قاراشتا بولدى.

پەزىلەتلىك شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئادەمنىڭ بەدىنىدىن چىققان قان پاكىز، نىجىس ئەمەس دېگەن قاراش كۈچلۈك قاراشتۇر. دەلىل ۋە قىياسمۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇ". ["شەرھىل مۇمتىئ 1–توم 443–بەت"].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.